«بۇ يەرنىڭ تاغ - دەريالىرىغا، بىر تال گىياھ، بىر تۈپ دەرەخكىمۇ چوڭقۇر مېھرىم بار»

(بېشى 3 - بەتتە)

«بۇ خەتلەر تېخىچە بۇ يەردە تۇرۇپتۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭ تامدىكى ئىككى قۇر خەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئوقۇدى: «ئىلىم تەھسىل قىلىشتا ئەستايىدىل ۋە ئېھتىياتچان بولۇش، ئىسلاھ قىلىشنى باش بولۇپ تەشەببۇس قىلىش. ھەقىقەتكە ئىنتىلىش، ۋەتەننى سۆيۈش، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش».

«توغرا! سىز 1997 - يىلى ‹يەنفۇ ۋە جۇڭگونى زامانىۋىلاشتۇرۇش› ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا بېغىشلىما يېزىپ بەرگەنىدىڭىز».

5000 يىللىق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ «روھى» ۋە «يىلتىزى» بار.

«ئاممىنىڭ باش ئىجادىيەتچىلىك روھىغا ھۆرمەت قىلىش»

تاشنى سىلاپ دەريادىن ئۆتۈشتىن شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈش، پۇختا ئالغا سىلجىتىشقىچە

سەنمىڭ شەھىرىنىڭ «نامى» ئىسلاھاتتىن كەلگەن.

داۋالاش ئىسلاھاتى، ئورمان ئىسلاھاتىنىڭ ھەممىسى قىيىن مەسىلىلەر. سەنمىڭ شەھىرى قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان يول ئىزدىگۈچى.

ۋاقتىنى 2000 - يىلى 11 - ئايغا قايتۇرايلى. فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شەھەر - بازار تېببىي دورا، سەھىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى خىزمىتى يىغىنىدا، يولداش شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: داۋالاش ئاپپاراتلىرى ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، «دورا ئارقىلىق دوختۇرخانىنى بېقىش» ئېلىپ كەلگەن مەسىلىلەرنى تۈزۈم جەھەتتىن ھەل قىلىپ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈپ، ئاممىنى كېسەلنى كۆرسىتەلەيدىغان، داۋالىنالايدىغان قىلىش كېرەك.

بۇ، ئىسلاھات كىم ئۈچۈن، كىمگە تايىنىش مەسىلىسى. مەسىلىنى يېشىش، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ھەممىسىدە خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىش كېرەك.

«داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، تېببىي دورا، داۋالاش بىرلەشمە ھەرىكىتى» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، سەنمىڭ شەھىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دادىل بۆسۈپ ئۆتۈپ، دادىل سىناق قىلىپ، يېڭى يول ئاچتى. 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شاشيەن ناھىيەلىك باش دوختۇرخانىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بىر پارچە تۆۋرۈكسىمان خەرىتە ئالدىدا توختاپ تەپسىلىي كۆردى. دوختۇرخانىنىڭ دورا، خورىما ماتېرىيال كىرىمى تۆۋەنلەپ، داۋالاش مۇلازىمىتى كىرىمى ئاشتى، 2019 - يىلى سەنمىڭ شەھىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان داۋالىنىش خىراجىتى 1734 يۈەن بولۇپ، پەقەت مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىنىڭ 46%ىگە توغرا كەلدى. پۇقرالار ھەقىقىي ئېرىشىش تۇيغۇسىغا ئىگە بولدى.

«زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم كۆرسەتكۈچى يەنىلا خەلقنىڭ ساغلاملىقى، بۇ، خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى. بۇ ئىشنى چىڭ تۇتۇشتا، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا تېگىشلىك ئىدىيە بولۇشى كېرەك.» باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ساغلاملىق 1، باشقىلارنىڭ ھەممىسى كەينىدىكى 0. 1 بولمىسا، ھېچنېمە قالمايدۇ.

باش شۇجى ئىلھاملاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «مەن سىلەرنىڭ ئىسلاھاتىڭلارغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىمەن. بۇ بىر خىل باتۇرلۇق بىلەن ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىش روھى، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ئىدىيەسىدىكى ئاڭلىق مەسئۇلىيەتچانلىق».

«ساغلام جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش» «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پىروگراممىسىغا كىرگۈزۈلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ كېيىنكى قەدەمدىكى تېببىي دورا، سەھىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېدى: «ئېغىر كېسەللەرنى كۆرستىش شۇ ئۆلكىدە ھەل قىلىندۇ، ئادەتتىكى كېسەللەر شەھەر، ناھىيەلەردە ھەل قىلىندۇ، دائىم كۆرۈلىدىغان باش ئاغرىش، قىزىپ قېلىشلار يېزا - كەنتلەردە ھەل قىلىندۇ. بۇ خىزمەت ‹14 - بەش يىل› مەزگىلىدە باشلىندۇ. ئىسلاھاتتىكى توسۇق نۇقتىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى تەتقىق قىلىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ داۋاملىق ئىزدىنىش كېرەك».

قارىماققا ئادەتتىكىدەك كۆرۈنسىمۇ، ناھايىتى ئالاھىدە، ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاساندەك بىلىنسىمۇ، ئەمما جاپالىق.

شاشيەن ناھىيەسى كوللېكتىپ ئورمان ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتى باشلانغان جاينىڭ بىرى. 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ شاشيەن ناھىيەسى يېزا مۈلۈك ھوقۇقى سودا مەركىزىگە كەلدى.

ئورمان ھوقۇقى كىنىشكىسى، ئورمان يېرى تىجارەت ھوقۇقى كىنىشكىسى، ھۆددىگەرلىك ھوقۇقى كىنىشكىسى ۋە ئوبوروت قىلىشتىكى تىجارەت ھوقۇقى كىنىشكىسى. تۆت كىنىشكا ئۈستەلگە تىزىلغان بولۇپ، ئۇلار 20 يىلغا يېقىن ۋاقىتنى ھالقىغان، كوللېكتىپ ئورمان ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ تارىخىي گۇۋاھچىلىرى. باش شۇجى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى.

2002 - يىلى يولداش شى جىنپىڭ ۋۇپىڭغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا ئېنىق قىلىپ مۇنداق تەلەپ قىلغان: «كوللېكتىپ ئورمان ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىگە ئوخشاش تاغ ئېتىكىدىن تاغ ئۈستىگە قاراپ بۇرۇلۇش ياسىشى كېرەك»، بۇنىڭ بىلەن فۇجيەننىڭ ئورمان ئىسلاھاتىنىڭ مۇقەددىمىسى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى.

شاشيەن ناھىيەسى چاقىرىققا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، كوللېكتىپ ئورمان يېرىدە «تاغنى ئائىلىلەرگىچە تەقسىملەش، ئورماننى ئادەمگىچە باراۋەر تەقسىملەش»نى يولغا قويدى. 2005 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، «مۈلۈك ھوقۇقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ھوقۇق تەۋەلىكنى بېكىتىپ كىنىشكا تارقىتىش» تاماملاندى.

ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى مەسىلىلەر بىر - بىرلەپ بارلىققا كەلدى.

پۇل نەدىن كېلىدۇ؟ دەرەخنى قانداق كېسىش كېرەك؟ يالغۇز ئائىلىلەر قانداق قىلىدۇ؟

قىيىنچىلىقلارنى بىر - بىرلەپ يېڭىش، مەسىلىلەرنى بىر - بىرلەپ ھەل قىلىش كېرەك. ئورمانچىلىق پۇل مۇئامىلىسى، ئورمان ئارىسى ئىقتىسادى، كوللېكتىپ ئورمان يېرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىش سەنمىڭنىڭ ئورمانچىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتتى.

«سەنمىڭ كوللېكتىپ ئورمان ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتى باشلانغان مۇھىم جاي. كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئىش قىلىشتىكى بىر يېتەكچى ئىدىيەسى دەل ئاممىنىڭ باش ئىجادىيەتچىلىك روھىغا ھۆرمەت قىلىش، ئامما ھەقىقىي قەھرىمان.» باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى:

«بىز ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىشتا يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش بىلەن ئاساسىي قاتلامدا ئىزدىنىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مۇھىم، زور ئىسلاھاتلارغا قارىتا نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئالدىن يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تەجرىبە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئومۇملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ‹تاشنى سىلاپ دەريادىن ئۆتۈش›تەك ئىسلاھات مېتودولوگىيەسىنىڭ ۋاقتى ئۆتمىدى، ۋاقتىمۇ ئۆتمەيدۇ. پائال، پۇختا بولۇپ، قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەش، يۆنىلىشنى ئىگىلەش كېرەك، ئېغىپ كېتىشكە بولمايدۇ».

«يېڭىلىق يارىتىشنى تۇتقۇشتا ‹كېلىپ چىقىشى›نى سۈرۈشتۈرمەسلىك»

«چوڭ ئېقىنغا ئەگىشىپ يۈگۈرۈش»تىن پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش قەدىمىنى تېزلىتىشكىچە

«بۇ قېتىم فۇجيەنگە كېلىپ ئايلىنىپ، ۋەكىل خاراكتېرلىك كارخانىدىن بىرنى تېپىپ كۆرۈپ باقماقچى. نېمىنى كۆرىمەن؟» باش شۇجى شى جىنپىڭ سەل توختىۋېلىپ مۇنداق دېدى:

«يېڭىلىق يارىتىش».

3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، فۇجيەن فۇگۇاڭ پاي چەكلىك شىركىتى. سېخلارغا كىرىپ، ھۈنەر - سەنئەتنى كۆرۈپ، سېتىش يوللىرىنى سورىدى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ كارخانىنىڭ ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىشىغا زور ئىشتىياق باغلىدى. فۇگۇاڭنىڭ كەشپىيات پاتېنتى بىر تامغا لىق تىزىلغانىدى.

«‹14 - بەش يىل› مەزگىلىدە دۆلىتىمىز يەنە ئالغا ئىلگىرىلەپ ماڭىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن جەزمەن يېڭىلىق يارىتىشقا تايىنىش كېرەك. چوڭ ئېقىنغا ئەگىشىپ دائىم باشقىلارغا ئەگەشسە بولمايدۇ. ھازىر كىمنىڭ پۇرسەتنى تۇتالايدىغانلىقىغا، كىمنىڭ مۇشۇنداق مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە، كىمنىڭ ياخشى قىلالايدىغان مۇشۇنداق ئىقتىدارى بارلىقىغا قاراش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىشنى تۇتقۇشتا ‹كېلىپ چىقىشى›نى سۈرۈشتۈرمەي، پەقەت دۆلەت ئۈچۈن تۆھپە قوشالىسىلا، دۆلەت پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدۇ. كىم ياخشى قىلالىسا دۆلەتنىڭ تۆھپىكار تۈۋرۈكى بولىدۇ».

باش شۇجى شى جىنپىڭ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بىز پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ بىرىنچى چاسا سېپىگە كىرىشتە ئۆزىمىزگە تايىنىشىمىز كېرەك. ھازىر دۆلەت يېڭىلىق يارىتىشنى بىر تۈرلۈك دۆلەت سىياسىتى قىلدى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ھەممىسى ھازىر ھەرىكەتكە كەلدى، يىرىك پىلانمۇ تۈزۈلۈۋاتىدۇ».

يېڭىلىق يارىتىشتا تېزلىتىش كۇنۇپكىسى بېسىلدى. «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پىروگراممىسىدا ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نۇقتىلىق ۋەزىپىلىرى ساھەلەرگە ئايرىلىپ شەرھلىنىپ بايان قىلىنىدى، «يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىياتنىڭ يېڭى ئەۋزەللىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك يارىتىش»نىڭ سەھىپىسى ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى.

مائارىپ ساھەسىدىكى يېڭىلىق يارىتىش ئوخشاشلا مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك. ئىختىساسلىقلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتقىلى بولامدۇ - يوق؟ يولداش شى جىنپىڭ 1990 - يىلى مىنجياڭ كەسپىي داشۆسىنىڭ مەكتەپ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىۋاتقان دەسلەپكى مەزگىلدە، مەكتەپنىڭ قىيىنچىلىقىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىدىكى گاڭگىراشتىن كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغاندى.

3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئەتىگەندە، «پېشقەدەم مەكتەپ مۇدىرى» مەكتەپكە قايتا كەلدى.

منجياڭ شۆيۈەنىگە كىرىپلا ئۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى، ئىلگىرىكى ئالقانچىلىك چوڭلۇقتىكى يەر ھازىر مۇشۇنداق زور تەرەققىي قىپتۇ، ئۆزگىرىش نېمىدېگەن زور - ھە!

ئەينى يىلى ئوقۇتقۇچى كەمچىل ئىدى، مەكتەپ ياتاقى كەمچىل ئىدى، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى كەمچىل ئىدى... شى مەكتەپ مۇدىرى ھەر قېتىم نەق مەيداندا ئىش بېجىرەتتى، ھەتتا بىر يىلى چاغانلىق جەم بولۇش تامىقىنىمۇ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە يېگەنىدى. «ئۆتكۈزۈۋالغىنىم ‹سىرىق تاختا ئاگاھلاندۇرۇشى› بېرىلگەن تەنزە. مەن ئويلايمەنكى، ئىسمىم يېزىلغانكەن، ھەقىقىي مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ، شۆيۈەن ئۈچۈن ئازراق ئىش قىلىپ بېرىشىم كېرەك».

منجياڭ شۆيۈەنى مەكتەپ تارىخى ۋە ئەمەلىي قوللىنىشچان مەكتەپ باشقۇرۇش نەتىجىلىرى كۆرگەزمە زالىدا، «ئەڭ چوڭ بولۇشنى قوغلاشماسلىق، بەلكى ئەڭ ئەلا بولۇشنى قوغلىشىش، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشنى قوغلىشىش» دېگەن خەتلەر كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. يولداش شى جىنپىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مەكتەپ باشقۇرۇش ئىدىيەسىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر، ئۇزاق بولدى.

شياداڭ يېزىسى ئۈچۈن تەرەققىيات يىرىك پىلانى تۈزۈشتىن دېڭىزدا باقمىچىلىق قىلىش، شېزۇ مىللىتىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى تىكىش، سىرلانغان ساپال بۇيۇملىرىنى ياساشقىچە، كۆرگەزمە زالىدا ئوقۇتۇش نەتىجىلىرى مول ئىدى. باش شۇجى مۇنداق دېدى: «مىنجياڭ شۆيۈەنى بۇرۇنقى قىياپىتىدە ئەمەس ئىكەن، لېكىن مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشى ئىزچىل ئىلگىرىكى يولنى بويلاپ مېڭىۋېتىپتۇ».

«بۇ سىرلانغان ساپال بۇيۇمنىڭ ئىسمى ‹مۈشۈكنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈش›»، تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىنچىكىلەپ سەپسالدى. ھەقىقەتەن، بىلىق ئىدىشىدىكى بېلىقلار خۇددى تىرىكتەك كۆرۈنەتتى.

1992 - يىلى، ئۇ خەلق گېزىتىدىن مۇنداق بىر خەۋەرنى كۆرگەن: ئامېرىكىلىق ياشانغان گارنارد ئەپەندى باللىق چاغلىرىدىكى يۇرتى — فۇجوۇ گۇلىڭغا قايتا بېرىپ كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان، جان ئۈزۈش ئالدىدىمۇ بۇنى ئېسىدىن چىقارمىغانىدى. يولداش شى جىنپىڭ شۇ ھامان گارنارد خانىمغا تەكلىپنامە ئەۋەتكەن.

شۇ پەيتتە، كۆرگەزمە زالىدىكى سىرلانغان ساپال بۇيۇملارنى كۆرۈپ، باش شۇجى ئۆتكەن بۇ ئىشنى ئېسىگە ئالدى. ياشانغان ئەپەندىنىڭ جۇڭگوغا بولغان مۇھەببىتى ئۇ ئەتىۋارلاپ ساقلاۋاتقان فۇجوۇنىڭ ئەسلى سىرلىق لوڭقىسىغا باغلانغانىدى. گارنارد خانىم جۇڭگودا زىيارەتتە بولغاندا، ئاشۇ جۈپ لوڭقىنى فۇجوۇغا سوۋغا قىلغانىدى.

«جەمئىيەت ئېھتىياجلىق ئىختىساسلىقلار پىرامىدا شەكىلدە بولىدۇ. ئالىي مەكتەپلەر تەتقىقات تىپىدىكى ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپلا قالماي، ئەمەلىي قوللىنىشچان مەكتەپ باشقۇرۇش ئىدىيەسىنىمۇ تۇرغۇزۇشى كېرەك، ياش بىر ئەۋلادلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.» يىلتىزنى پەرۋىش قىلىپ روھنى تاۋلاش، ئەقىل - پاراسەتنى ئۇرغۇتۇپ قەلبنى ئوزۇقلاندۇرۇش. باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېدى:

«ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ياش بىر ئەۋلادلارنىڭ زىممىسىدە مەسئۇلىيىتى بار. ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت تۈپ ۋەزىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك».

3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، فۇجيەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتى يىغىنى. بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى، باش شۇجى نىڭدې شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى ئەھۋالىنى دوكلات قىلغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان غەيرەتنى نامايان قىلىش، تامچە سۇ تاشنى تېشىدىغان چىدامچانلىقنى ساقلاش كېرەك».

«غەيرەت پەيتنى قولدىن بەرمەسلىكتۇر، چىدامچانلىق تامچە سۇ تاشنى تەشكەنگە ئوخشايدۇ. تىرىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا يېڭى قەدەم تاشلاپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرۇشتا يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، جاسارەت بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈش كېرەك».

يېڭى مۇساپىدە بوران چىقىپ دولقۇن كۆتۈرۈلدى، جيۇجوۇ قايىنام - تاشقىنلىققا چۆمدى، ۋەزىيەتكە تايىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، فۇجوۇ، 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى)

شۋېيتسارىيە ياخشى پاختا تەرەققىيات جەمئىيىتى (BCI)نىڭ شاڭخەيدىكى ۋاكالەت ئورنى:

ئەزەلدىن شىنجاڭدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا ئالاقىدار بىرمۇ ۋەقەنى بايقىمىدۇق

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شاڭخەي، 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر جوۋ رۇي) شۋېيتسارىيە ياخشى پاختا تەرەققىيات جەمئىيىتى (BCI)نىڭ شاڭخەيدىكى ۋاكالەت ئورنى 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كەچتە ئەڭ يېڭى ئېلان قىلغان باياناتىدا مۇنداق بىلدۈردى: ئەزەلدىن شىنجاڭدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا ئالاقىدار بىرمۇ ۋەقەنى بايقىمىدۇق، شىنجاڭ بىلەن ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋەتنى ئىجرا قىلىپ ئالاقىنى داۋاملىق ساقلايمىز.

يېقىندا، H&M قاتارلىق ماركىلارنىڭ شىنجاڭ پاختىسىنى توسۇش مەسىلىسى ئاممىۋى پىكىر قوزغاپ كەڭ دائىرىدە دىققەتنى تارتتى، ئۇلارنىڭ توسۇش «ئاساسى» شۋېيتسارىيە ياخشى پاختا تەرەققىيات جەمئىيىتى (BCI)نىڭ ئاتالمىش شىنجاڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش سەپسەتىسىدىن ئىبارەت.

بۇنىڭغا قارىتا، شۋېيتسارىيە ياخشى پاختا تەرەققىيات جەمئىيىتى (BCI)نىڭ شاڭخەيدىكى ۋاكالەت ئورنى مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو رايونىدىكى تۈر كوللېكتىپى تەكشۈرۈش پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، 2012 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى تۈر نۇقتىلىرىغا قارىتا ئىلگىرىكى يىللاردىكى 2 - تەرەپ ئىشەنچلىكلىكنى تەكشۈرۈش ۋە 3 - تەرەپ دەلىللەشنى ئىجرا قىلدى، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا ئالاقىدار بىرمۇ ۋەقەنى ئەزەلدىن بايقىمىدۇق، شىنجاڭ بىلەن ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋەتنى ئىجرا قىلىپ ئالاقىنى داۋاملىق ساقلاپ، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئورتاق قوغدايمىز.

بۇ جەمئىيەتنىڭ جۇڭگو كوللېكتىپى يەنە مۇنداق بىلدۈردى: دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ جۇڭگو پاختىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئۆلچەمنى تۈزۈش خىزمىتىنى پائال قوللاپ، جۇڭگو پاختا كەسپىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز.

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، دېھقانلارنى ئىشلەشنى خالايدىغان، ئەمەلىي نەپكە ئېرىشىدىغان قىلدى، بىر قاتار خىزمەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ئەتىياز پەسىللىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىنى پۇختا ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايون مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، پاختا كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈرتكە بولىدىكەن. پۈتۈن ئاپتونوم رايون «سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش»نى يادرو قىلىپ، كېۋەز سورتى قۇرۇلمىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت سىستېمىسىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، پاختىنىڭ ئەلا سۈپەتلىكلىرىنىڭ باھاسى يۇقىرى بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پاختا كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يۆنىلىشىگە قاراپ بۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدىكەن.

2020 - يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى مۇقىم ئۆستى، ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكى - يېزا تارماقلىرى پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى ئەۋزەل ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىغا مەركەزلىشىشكە پائال يېتەكلىدى، كېۋەز تېرىشقا قىسمەن باب كېلىدىغان رايون ۋە خەۋپ - خەتىرى بار كېۋەز رايونلىرى كېۋەز تېرىشتىن چېكىندۈرۈلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 2 مىليون موغا تەڭشەپ ئازايتىلغان ئەھۋالدا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى يەنىلا 160 مىڭ توننا ئېشىپ، كۆلىمى، بىرلىك مەھسۇلاتى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى، تاۋار مىقدارى، يۆتكەپ چىقىرىلىش مىقدارى ئۇدا 27 يىل پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇردى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پاختىدا شىنجاڭغا قاراش تەرەققىيات ئەندىزىسى ئومۇمىيۈزلۈك شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى كۆلەملەشتۈرۈش، تەشكىللەشتۈرۈش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون (بىڭتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بويىچە كېۋەز تېرىش، تېرىلغۇ ھالقىلىرىدا پۈتۈن مۇساپىلىك ماشىنىلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، پاختىنى ماشىنىدا يىغىۋېلىش نىسبىتى 75.5%كە يەتكۈزۈلدى.

يەنە خەۋىرىمىز ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **ۋاڭ چىمىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سائەت 12 دىن باشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 75 ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇسى ۋە يېڭى تاراتقۇ سۇپىسى ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركەزلىرى بىلەن بىرلىشىپ يولغا قويغان «تۆت جاي بىرلىشىپ خەۋەر قىلىپ، سىزگە شىنجاڭدىكى مىليون مو كېۋەزلىكنىڭ ‹ئادەمسىز› ماشىنىدا تېرىلىشىنى كۆرسىتىدۇ» ناملىق بىۋاسىتە تارقىتىشنى ماس قەدەمدە ئۇلاپ تارقاتتى، شۇ كۈنى سائەت 18 گىچە، ئۈچ سائەت داۋاملاشقان بۇ مەيدان كۆپ جاينىڭ بىۋاسىتە ئۇلاپ تارقىتىشى ھەرقايسى سۇپىدىكى جەمئىي 10 مىليوندىن ئارتۇق تور ئەھلىنى توردا كۆرۈشكە جەلپ قىلدى.

3 - ئايدا، شىنجاڭدا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ خىزمىتى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلدى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كېۋەزنى كەڭ كۆلەمدە ماشىنىلاشتۇرۇپ تېرىش قىزغىن ئېلىپ بېرىلماقتا. 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سائەت 12دە، ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى ئۈرۈمچى شەھىرىگە جايلاشقان ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە، كۇچا شەھىرى، لوپنۇر ناھىيەسى، يەكەن ناھىيەسىدىكى يۇغۇرما تاراتقۇ مەركەزلىرى بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، كۆپ تېلېكامېرادا ئۇلاپ خەۋەر قىلىش شەكلى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ بىپايان كېۋەزلىكىنىڭ «ئادەمسىز» ماشىنا بىلەن تېرىلىش نەق مەيدانىنى بىۋاسىتە تارقاتتى. پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىز پاختا كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى، ھەمدە يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىشتەك تەسىرلىك مەنزىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك جانلىق نامايان قىلدى.

«سۆيىمەن سېنى! سۆيىمەن سېنى! شىنجاڭ پاختىسى!» بېيجىڭ گېزىتى تېرمىنالىدا تور ئەھلى قالدۇرغان سۆزلەر كۆڭۈلدىكىنى بىۋاسىتە بايان قىلدى؛ «شىنجاڭ پاختىسى، بۈگۈن سەن ۋەتىنىمىزدىكى ئەڭ چىرايلىق گۈل!» مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سىن تېرمىنالىدا تور ئەھلى شىنجاڭ پاختىسىنى ئەنە شۇنداق ئالقىشلىدى؛ «شىنجاڭدىكى كېۋەزلىكنىڭ بۇنچە چوڭلۇقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم!» قىزىل يۇلتۇز ئاخبارات تېرمىنالىدا تور ئەھلى بەختكە چۆمگەن ھالدا شىنجاڭنىڭ پاختا يوتقىنىنى ئەسلىدى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى كېۋەزلىكنىڭ كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، ماشىنىلىشىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن ھەيران قالدى.

«شىنجاڭ پاختىسى توغرىسىدىكى سۆز تېمىسى پۈتۈن تورنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان پەيتتە، بۇ مەيدان بىۋاسىتە تارقىتىش ۋاقىت، ئۆلچەم، ئۈنۈمنى ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ مەيدان بىۋاسىتە تارقىتىش بىزگە يەنە شىنجاڭنىڭ تاراتقۇلارنى چوڭقۇر يۇغۇرما تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە - ئۈنۈمنى كۆرسەتتى. ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى كۇچا شەھىرى، لوپنۇر ناھىيەسى ۋە يەكەن ناھىيەسىدىكى يۇغۇرما تاراتقۇ مەركەزلىرى بىلەن يۇقىرى ئۈنۈملۈك سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، كۈچ ئۇلاپ مىكرافوننى تۇتاشتۇرۇپ، ‹ئاستا بىۋاسىتە تارقىتىش+بوشلۇقتىن سۈرەتكە ئېلىش+كۆپ كۆرۈنۈشلۈك كۆچمە بىۋاسىتە تارقىتىش› شەكلىدە شىنجاڭدىكى كېۋەزلىكلەرنىڭ ماشىنىدا تېرىلىش نەق مەيدانىنى جانلىق نامايان قىلىپ، غەربتىكى باشقىچە غەرەزدىكى كىشىلەرنىڭ ئاساسسىز قارا چاپلىشىغا پاكىت ئارقىلىق كۈچلۈك رەددىيە بېرىپ، ئىچكى - تاشقى تەشۋىقاتتا ئەڭ كۈچ چىقىرىپ، كەڭ تورداشلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، بۇ، بىر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان تاراتقۇلارنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ بىۋاسىتە تارقىتىپ خەۋەر قىلىشى ھېسابلىنىدۇ» دېدى بۇ قېتىمقى بىۋاسىتە تارقىتىپ، ئۇلاپ تارقىتىپ خەۋەر قىلىشقا قاتناشقان خەلق گېزىتخانىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇخبىرى ئارداق.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭبۇەن شىمالىي يولى 500 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن